# 174441 ـ پىتىر سەدىقىسى بېرىشنىڭ ئىتىبارغا ئېلىنىدىغان ۋاقتى قايسى؟

**سوئال**

پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشتا، ئىتىبارغا ئېلىنىدىغان ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى قايسى؟، ئىمامنىڭ نامىزىمۇ ياكى يالغۇز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىمۇ ياكى مۇتلەق نامازنىڭ ۋاقتىمۇ؟ئاللاھ ياخشى مۇكاپات بەرسۇن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزىدارلارنى قۇرۇق گەپ ۋە ناچار سۆزلەردىن پاكلاش، مىسكىنلەرگە يېمەكلىك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن پەرز قىلدى، بۇنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادا قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلىنىدىغان پىتىر سەدىقىسى بولىدۇ، نامازدىن كېيىن ئادا قىلغان بولسا ئۇ مۇتلەق سەدىقىنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 160-ھەدىس. ئىبنى ماجە 1827-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ۋە باشقا توپلاملاردا ھەسەن دەپ كەلتۈرگەن].

ھەدىسنىڭ كۆرۈنۈشىدىن پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى ھېيت نامىزى ئوقۇشتىن بۇرۇن بېرىشكە توختىتىلغان، مەسچىتنىڭ قانۇنلۇق ئىمامى نامازنى ئادا قىلىپ بولسا، پىتىر سەدىقىسى بېرىشنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ، يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامىزى ئىتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى بۇنى ئىتىبارغا ئالساق ئۇنىڭ ئېنىق ۋاقتى بېكىتىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامنىڭ نامىزى ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ.

لېكىن ھېيت نامىزى ئوقۇلمايدىغان چۆللۈك-سەھرالاردا شۇ جايغا ئەڭ يېقىن بولغان شەھەرنىڭ ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى بويىچە ھېساب قىلىنىدۇ.

بەھۇتىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتۇر، ھېيت نامىزى ئوقۇلمايدىغان ئورۇنلاردىمۇ مۇشۇ ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنىدۇ، چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بۇيرىغان، كۆپچىلىك ئۆلىمالار: پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت نامىزىغا ماڭغاچ ئادا قىلسا ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ["كەششاپۇل

قەنناىئ" ناملىق ئەسەر 2-توم 252-بەتكە قارالسۇن].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.